ھايۋان بالىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشكە دائىر رەسىملىك كىتاب

بىرناند ستون خاۋس (ئەنگلىيە)

# ئۆسۈپ يېتىلىش



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

ھايۋان بالىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە
دائىر رەسىملىك كىتاب

# ئۆسۈپ يېتىلىش

ئاپتورى: بېرناند ستون خاۋس (ئەنگلىيە)
رەسىمنى سىزغۇچى: جون فرانكس
تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت روزى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com


图书在版编目（CIP）数据

动物宝宝成长图画书. 成长篇：维吾尔文 / (英) 斯通豪斯著；祝威，艾合买提·肉孜译. -- 乌鲁木齐 :新疆美术摄影出版社，2015.8

ISBN 978-7-5469-7069-1

Ⅰ. ①动… Ⅱ. ①斯… ②祝… ③艾… Ⅲ. ①儿童文学－图画故事－英国－现代 Ⅳ. ①I561.85

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 210870 号

选题策划：亚森·吾不力哈斯木
责任编辑：加沙热提·吾甫尔
装帧设计：玉苏甫江·艾山
封面设计：伊丽米努尔·麦麦提艾力
复　　审：伊不拉音·哈木都拉
责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任印制：刘伟煜

书　　名　动物宝宝成长图画书——成长篇（维吾尔文）
译　　者　艾合买提·肉孜
出　　版　新疆美术摄影出版社（www.xjdzyx.com）
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号（邮编 830026）
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
制　　版　新疆读读精品网络出版有限公司数字印务中心
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
印　　刷　北京新华印刷有限公司
开　　本　880 mm × 1230 mm　1/16
印　　张　3
版　　次　2015 年 8 月第 1 版
印　　次　2016 年 4 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7069-1
定　　价　13.60 元

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）

# كىرىش سۆز

دۇنيادا مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بىر پاكىت بار، ئۇ بولسىمۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى، ئۇلار بالىسىدىن ھېچنېمىنى ئايىمايدۇ، بولۇپمۇ ئەگرى - توقاي، جاپالىق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ئاتا - ئانىلار تېخىمۇ شۇنداق. دەل مۇشۇنداق مېھىر - مۇھەببەت ھازىرقى ئەۋلادلارنىڭ ئىلگىرىكىلەردىن ئۈستۈن تۇرۇشىنى بەلگىلىگەن.

ئۇنداقتا بىز بالىلىرىمىزغا مېھىر - مۇھەببەت ۋە ياردەم بېرىپ، ئۇلارغا كۆپرەك بىلىم ئۆگەتكەن ۋە ئۇلاردا ئارتۇقچىلىق يېتىلدۈرگەندىن سىرت، ئۇلارغا تېخىمۇ كۆپ ماھارەتلەرنى، ئالايلۇق، ياشاش ماھارىتى دېگەندەكلەرنى بىلدۈرەلەمدۇق؟

بۇ جەھەتتە بىز ھايۋانلاردىن ئۆگەنسەك بولىدۇ. بىز ئىنسانلار بىلەن تەڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ياشاپ كېلىۋاتقان ھايۋانلارنى سەل چاغلاۋاتقان بولساق كېرەك. بولۇپمۇ، بالا بېقىش، بالىلىرىغا ماھارەت ئۆگىتىش جەھەتتىكى بەزى نۇقتىلاردا ھايۋانلار ئىنسانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇنىڭ قائىدىسى ئىنتايىن ئاددىي، مىليارد يىللىق ياشاش رىقابىتىدە ئىنسانلار ھايۋانلاردىن غالىب كەلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىنسانلار ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقتى. ئىنسانلار ئۆزئارا رىقابەتكە، ھەتتا ئۇرۇش - تالاشقا كىرىشىپ كەتتى. نەتىجىدە ئىنسانلارنىڭ ئەقىل - ئىدراكى، مەدەنىيىتى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى. مەدەنىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى لازىمەتلىكنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولدى، بىراق شۇنىڭغا ماس ھالدا ئىنسانلارمۇ ھايۋانلاردىن يىراقلىشىپ كەتتى. ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلاردىن كەلگەن ئىپتىدائىي ماھارىتى ۋە ياشاش ماھارىتى ئاستا - ئاستا ئاجىزلاشتى. ئەمما ھايۋانات دۇنياسىدا يەنىلا ئاجىزلار شاللىنىش، ماسلىشالىغانلىرى ياشاش، ماھارىتى يوقلار تەبىئىي ھالدا باشقا ھايۋانلارنىڭ يېمىگە ئايلىنىپ كېتىشتەك تەبىئىي قانۇنىيەت داۋاملىشىپ كەلدى.

مۇقەررەركى، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ رەھىمسىز ياشاش قانۇنىيىتىگە ماسلىشىپ ھايات قالغان ھايۋانلار شۇ خىل ھايۋانات ئۇرۇقدىشى ئىچىدىكى قابىللاردۇر.

بىز مۇشۇلارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەنگلىيەدىكى پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر كىتابلارنى نەشر قىلىدىغان كەسپىي نەشرىيات Firecrest Books كىتابچىلىق چەكلىك شىركىتى John Fransis/Bernard Thornton سەنئەت ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە نەشر قىلغان

www.uyghurkitap.com

«GROWING UP» يۇرۇشلۇك كىتابلىرىنى كىرگۈزدۇق. بۇ كىتابلارنى دۇنيادىكى داڭلىق پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئالىملىرى بىلەن رەسساملار بالىلار ئۈچۈن كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەپ چىققان.

كىتابتا ھايۋان بالىسىنىڭ ھاياتلىق ئۈچۈن تىرمىشىشىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئۆزگىرىش جەريانى، ھاياتلىقنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقى ئېچىپ بېرىلگەن؛ ھايۋان ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىلىرىنى قانداق ئاسرايدىغانلىقى بايان قىلىنىش ئارقىلىق مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن؛ ھەربىر جانلىقنىڭ مىدىرلاش، تۇرۇش، يۈگۈرۈش، ئۈزۈش، ئۇچۇش جەريانىدىكى مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتلىرى بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىلىش ئارقىلىق ھاياتلىق سەپىرىنىڭ جاپالىق ۋە مېھنەتلىك ئىكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. مانا بۇلار ھەربىر ھايۋان بالىسىنىڭ ھەربىر ئىنسان بالىسىغا ئوخشاش ئائىلىدىن مۇستەقىل ئايرىلىپ جەمئىيەتكە يۈزلىنىدىغانلىقى، ھايۋان بالىسى كىچىكىنىڭ ھايۋانات دۇنياسىدا، ئادەم بالىسى كىچىكىنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدە بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شۇنداق ئېيتالايمىزكى، بالىسىنىڭ ياراملىق ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغان ھەرقانداق كىشى بۇ كىتابتىن نەپ ئالالايدۇ. سىز بۇ كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن بەلكىم ئۆزىڭىزنىڭ ئىلگىرىكى بالا تەربىيەلەش ئۇسۇلىڭىز توغرىسىدا قايتىدىن ئويلىنىپ بېقىشىڭىز مۇمكىن. ئادەم گەرچە ئالىي دەرىجىلىك ھايۋان بولسىمۇ، ئادەمنىڭ ياشاش ماھارىتىنىڭ زور دەرىجىدە تۆۋەنلەۋاتقانلىقىنى، ئادەم بالىسىنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ماھارىتى ۋە تۇغما ئىقتىدارىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ زىيادە ئامراقلىقى تۈپەيلى ئاز ـ ئازدىن تۇنجۇقتۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز...

شۇڭا بىز، بالىلارنىڭ تۇغما ئىقتىدارىنى بالىلارغا قايتۇرۇپ بېرىڭلار! دەپ ئىلتىجا قىلماي تۇرالمايمىز. شۇنداق بولغاندىلا سىزنىڭ بالىڭىز مۇشۇ ئەۋلادلار ئىچىدىكى قابىللاردىن بولالايدۇ!



يى فەن

2011 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

# مۇندەرىجە


بالىلارغا سۆز ........ 2

بورانقۇش ........ 4

تاغىل ئات ........ 6

يىلپىز ........ 8

ئوتلاق ئىتسىمان چاشقىنى ........ 10

ئورانگوتان ........ 12

ئاقباش دېڭىز بۈركۈتى ........ 14

پاتاگونىيە چوڭ پىنگۋىنى ........ 16

ۋېدېل تيۇلېنى ........ 18

ئۇزۇن قۇيرۇق چىل ........ 20

چىغناقسىز تاشپاقا ........ 22

قارا ئاتېلېس مايمۇنى ........ 24

دېڭىز كالىسى ........ 26

لىبېرىيە بېگېموتى ........ 28

ياۋروپا لالما چاشقىنى ........ 30

قىزىل يۇڭلۇق ئورانگۇتان ........ 32

چىپار بۆكەن ........ 34

روككى ئۆچكىسى ........ 36

مۈشۈكئېيىق ........ 38

ئاپۇس قۇرتى ........ 40

يالىلىق بۆرە ........ 42




ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# باللارغا سۆز



قەدىرلىك قوزام:

ھايۋان بالىلىرى ئۆسۈپ يېتىلىشتە ئىنتايىن خەتەرلىك جەريانلارنى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ھايۋان بالىلىرى تەبىئەت دۇنياسىدا تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. چوڭ ھايۋانلار ئەتراپتىكى مۇھىتقا ئاسانلا ماسلىشىپ كېتەلىگىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئۇنداق تەلەيلىك بولمايدۇ، ئۇلار ھەر ۋاقىت خەتەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئاتا ـ ئانىلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار تېخى كىچىك، ئاجىز بولغاچقا، ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارى بولمايدۇ. شۇڭا يىلىغا نەچچە مىليون ھايۋان تۇغۇلۇپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمىلا ھايات قالىدۇ. ئەنە شۇ ھايات قالغانلار ئەڭ مۇھىم بىر نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ، يەنى خەتەرنى يېڭەلەيدۇ!

قاراڭ! سۈرەتتىكى سېرىق تاغ چۈمچۈقىنىڭ بالىسى خەتەر ئىچىدە ياشاش ماھارىتىنى ئۆگەنمەكتە. ئۇ بىر ئاينىڭ ئالدىدا تۇخۇمدىن چىققان، ئۇۋىسىدىن ئايرىلغىلى تېخى ئىككى ھەپتە بولمىدى. چاتاق بولغىنى، ئۇ ھازىر بىر مۈشۈكنىڭ نەزىرىگە چۈشۈپ قالدى، مۈشۈك ئۇنى كەچلىك غىزا قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇ قېچىپ قۇتۇلالىسا، يۇڭلۇق، بۇرتلۇق، قۇلىقى دىڭگىيىپ تۇرىدىغان، ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق بۇ خەتەرلىك ھايۋاندىن يىراق تۇرۇش كېرەكلىكىنى چوقۇم ئەستە ساقلايدۇ!

ھايۋان بالىلىرى ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا تۈرلۈك خەتەرگە ئۇچرايدۇ. بۇ كىتابتا ھايۋان بالىلىرىنىڭ خەتەرگە ۋە خىرىسقا تولغان تەبىئەت دۇنياسىدا ھاياجان ۋە تەشۋىش ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى خاتىرىلەنگەن. قېنى ئەمىسە، بىرلىكتە كۆرۈپ باقايلى!



# بورانقۇش

قاراڭ! بورانقۇشنىڭ ئانىسى تېخى تۇك تاشلاپ بولالمىغان بالىسىغا يەم بەرمەكتە. ئاران 10 ئايلىق بولغان بۇ بورانقۇش بالىسى ئۆزۈقلۇق ساقلاۋاتقىلى 10 كۈن بولدى، ئاخىرى ئانىسىمۇ كەلدى. بالىسىنىڭ ۋىچىرلاپ تەلپۈنۈشلىرى بىلەن ئانىسى قارنىدىكى بېلىقنى بالىسىغا بىر چىشلەم ـ بىر چىشلەمدىن چىقىرىپ بەردى.

قەھرىتان قىش كۈنلىرى دېڭىزنىڭ ھاۋاسى ناچارلىشىپ يېمەكلىك تاپماق بەكمۇ تەسلىشىپ كېتىدۇ. بۇنداق چاغلاردا بورانقۇشنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بالىسىنى چاڭگىسىدا قالدۇرۇپ، ئوزۇقلۇق ئىزدەپ چىقىپ كېتىدۇ. بورانقۇش بالىسى چاڭگىدا قار ـ شىۋىرغانغا چىداپ يالغۇز قالىدۇ. ئۇ بالدۇرراق چوڭ بولۇشنى ئويلايدۇ، بەزىدە بەدىنىنى كېرىپ، يۇمران قاناتلىرىنى قېقىپ ئۇچۇشنى مەشىق قىلىدۇ. ئۆزۈنىغا بارماي، ئۇ ئۇچۇرما بولىدۇ.





بورانقۇش بالىسى قاناتلىرىنى قېقىپ مۇسكۇللىرىنى چېنىقتۇرىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇچۇشنى ئۆزى ئۆگىنىدۇ.

سوئال: بورانقۇش بالىسى ئۇچۇشنى قانداق ئۆگىنىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: بورانقۇش دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ دېڭىز قۇشلىرىنىڭ بىرى.

بورانقۇش بالىسى بىر ياشقا كىرگەندە ئۇچالايدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تاغىل ئات

تاغىل ئات ئافرىقىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي تەرەپلىرىدىكى يايلاقلاردا توپ بولۇپ ياشايدۇ. تەن شەكلى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكى ئاتقا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بىردىنبىر ئوخشاشمايدىغان يېرى تاغىل ئاتنىڭ بەدىنىدە ئالا بالداق سىزىق بار.

قاراڭ! سۈرەتتىكى ئەمدىلا تۇغۇلغان تاغىل ئات تايچىقى تۇنجى قېتىم ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، بىراق ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۇزۇن پۇتلىرىنى تىزگىنلەش ئانچە ئاسان ئەمەس. ئانىسى يېنىدا تۇرۇپ ئارقىسىدىن يېنىك ئىتتىرىپ، بالىسىنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشىغا ياردەم بېرىۋاتىدۇ. باشقا قېرىنداشلىرى ئەتراپىدا تۇرۇپ، شىر، سىرتلانلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قوغداۋاتىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ئاستا يۈگرەلەيدۇ.



تۇغۇلغىنىغا بىر سائەتمۇ بولمىغان تاغىل ئات تايچىقى ئا-نىسىنى ئەممەكتە.

**سوئال: تاغىل ئات بىلەن ئاتنىڭ پەرقى نەدە؟**

**بىلىۋېلىڭ: تاغىل ئات تايچىقى تۇغۇلۇپ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئانىسىنى ئېمىدۇ، بىرەر ھەپتىلەردىن كېيىن ئانىسىغا ئوخشاش بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئوت ـ چۆپ يەيدۇ.**



تاغىل ئات توپى دائىم بۆكەن، گنو توپلىرى بىلەن بىللە يۈرىدۇ، شۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ كۈشەندىلىرى ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا ئاسانلىقچە ھۇجۇم قىلالمايدۇ.



www.uyghurkitap.com



# يىلپىز

يىلپىزنىڭ چوڭلۇقىغا قاراپ ھەيران قالماڭ، ئەمەلىيەتتە ئۇ مۈشۈككە ئوخشايدۇ، ئۇلار ئوخشاشلا مۈشۈك ئائىلىسىگە كىرىدۇ!

يىلپىز ئافرىقا تۈزلەڭلىكىدە ياشايدۇ. قاراڭ! سۈرەتتىكى ئانا يىلپىزنىڭ تۆت بالىسى بار. ئانىسى ئۇۋغا چىقىدىغان چاغدا بالىلىرىنى تاغ قاپتىلىدىكى ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇپ قويىدۇ. گەرچە ئۇلار ماڭالىغۇدەك ۋە ئەتراپىنى كۆزىتەلىگۇدەك بولغان بولسىمۇ، كەڭ كەتكەن يايلاقتا يەنىلا خەتەر ۋە خىرىستىن خالىي بولالمايدۇ. تايغان، چىلبۆرە ۋە سىرتلانلار ئۇلارنىڭ ھىدىنى پۇراپ يېتىپ كېلىدۇ، بۈركۈت ئاسماندا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈرىنى ئىزدەيدۇ. شۇڭا بالىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتقان يىلپىز ئانىسى 2 ـ 3 كۈندە بىر قېتىم بالىلىرىنى ئاغزى بىلەن باشقا ئۆڭكۈرگە يۆتكەيدۇ.

دەسلەپكى بىرنەچچە ھەپتىدە يىلپىز بالىلىرى ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ماھارەت بەكمۇ كۆپ بولىدۇ. قاراڭ! يىلپىز بالىسى ئۇۋنى قانداق تۇتۇشنى (ئوڭ تەرەپتىكى سۈرەتتىكىگە ئوخشاش)، دەرەخكە قانداق يامىشىشنى (ئوڭ تەرەپ ئاستىنقى سۈرەتتىكىگە ئوخشاش) ئۆگىنىۋاتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ئانىسىدىن ئايرىلىپ ئۆزى يالغۇز ياشايدۇ!

سوئال: يىلپىز بالىسىغا قايسى ھايۋانلار زىيان يەتكۈزىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: يېتىلگەن يىلپىزلار ئادەتتە يالغۇز ياشايدۇ، شۇڭا بىر قېتىمدا بىرلا يىلپىزنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق يىلپىز بىللە تۇرغان بولسا، ئېھتىمال ئانىسى بالىلىرى بىلەن بىللە تۇرغان چاغلاردۇر.



يىلپىز بالىسى ئوزۇقلۇق تۇتۇشنى ئۆگەنمەكتە.



يىلپىز بالىسى دەرەخكە يامىشىشنى ئۆگەنمەكتە.



# ئوتلاق ئىتسىمان چاشقىنى



ئوتلاق ئىتسىمان چاشقىنى شىمالىي ئامېرىكىدىكى كەڭ كەتكەن يايلاقتا ياشايدۇ. ئۇ گەرچە ئىتقا ئوخشىمىغىنى بىلەن، خەتەرگە يولۇققاندا ئىتقا ئوخشاش قاۋاپ، ھەمراھلىرىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ.

قاراڭ! سۈرەتتىكى ئانا ئىتسىمان چاشقان ئاسماندىكى بۈركۈتنى كۆرگەن ھامان قاۋاپ، ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەر دەرھال يەر ئاستىدىكى ئۇۋىسىغا كىرىپ كەتتى. ئىتسىمان چاشقاننىڭ باللىرىمۇ مۇشۇنداق چېنىقىشلاردىن كېيىن، بۇ خىل ئاگاھلاندۇرۇشقا كۆنىدۇ ھەمدە خەتەرگە يولۇققاندا قاۋاپ، بىر - بىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ خەتەردىن قۇتۇلىدۇ.

سوئال: ئىتسىمان چاشقان باللىرى خەتەرگە يولۇققاندا قانداق قىلىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: ئوتلاق ئىتسىمان چاشقىنى غاجىلىغۇچى ھايۋانغا كىرىدۇ.



ئوتلاق ئىتسىمان چاشقىنى چوڭ جەمەتلىك بولۇپ، جەمەتتىكىلەر بىرلىكتە ئوزۇقلىنىدۇ، بىر - بىرىنى پۇرىقى ئارقىلىق تونۇيدۇ ھەمدە بىر - بىرى بىلەن سۆيۈشۈپ كۆرۈشىدۇ. سۈرەتتە ئىككى چاشقان سۆيۈشمەكتە.



ئوتلاق ئىتسىمان چاشقىنى توپلىشىپ ياشاشقا ئامراق، ئۇلار ئادەتتە يەر ئاستى ئۆڭكۈردە ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈرى ئۆزئارا تۇتىشىپ غايەت زور يەر ئاستى يول تورىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، نۇرغۇن چىقىش ئېغىزى بولىدۇ.





www.uyghurkitap.com

# ئورانگۇتان

ئانا ئورانگۇتان بالىسىنى دائىم قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ، بالىسى سەل چوڭ بولغاندا بولسا يۈدۈۋالىدۇ (سول تەرەپتىكى سۈرەتتىكىگە ئوخشاش). بالىسى قىزىقسىنىپ ئۇياق - بۇياققا قارايدۇ. ئەتراپىدا ئۇنى قوغدايدىغان ھەمراھلىرى بولغاچقا، ئۇ ھېچنېمىدىن ئەنسىرىمەيدۇ.

ئورانگۇتان بالىسى بەزىدە ئۇنى - بۇنى سىناپ باقىدۇ. مەسىلەن، بىرەر تال شاخنى تۇتۇپ ئۇنى غاجاپ تەمىنى تېتىپ باقىدۇ، ئەگەر شاخ قاتتىق ھەم قىرتاق بولسا، دەرھال تۈكۈرۈۋېتىدۇ؛ تەمى يامان ئەمەس بولسا، كۆپرەك يېغىدۇ. بەدىنىگە ئېھتىياجلىق ئېنېرگىيەنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئۇ يېڭى نەرسىلەرنى تېتىپ باقىدۇ.



ئورانگۇتان بالىسى جەمەتىدىكىلەر ئارام ئالغاندا ئانىسىنىڭ قوينىدىن چىقىپ، پاكار شاخلارغا ئېسىلىپ يامىشىشنى مەشىق قىلىدۇ.

سوئال: ئورانگۇتان بالىسى ئۆزۈقلۇق ئىزدەشنى قانداق ئۆگىنىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: بىر ئورانگۇتان جەمەتى ئادەتتە بىر ئەركەك ئورانگۇتان، ئىككىدىن ئارتۇق چىشى ئورانگۇتان ۋە ئۇلارنىڭ باللىرىدىن تەركىب تاپىدۇ.





ئورانگۇتان بالىسى ئانىسىنىڭ دۈمبىسىدە تۇرۇپ جەمەتىدىكىلەرنى بىر - بىردىن تونۇۋالىدۇ. ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەر ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاقباش دېڭىز بۈركۈتى

ئاقباش دېڭىز بۈركۈتىنىڭ باش ۋە بويىنى ئاق، بەدىنى قارا بولىدۇ.

قاراڭ! ئەركەك دېڭىز بۈركۈتى يوغان بىر بېلىقنى ئېلىپ كېلىپ، تۇمشۇقى ۋە تىرناقلىرى بىلەن ئۇنى تىتىپ، ئېچىرقاپ كەتكەن باللىرىغا بەرمەكتە (سول تەرەپتىكى سۈرەتكە قاراڭ). ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنىڭ ئانىسىمۇ يېمەكلىك ئېلىپ كەلدى. بۈركۈت باللىرى ئۇۋىسىدا تۇرۇپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇچۇشىنى كۆزەتمەكتە. پات ئارىدا ئۇلارمۇ ئۇچۇشنى ئۆگىنىپ، ئۆزى ئوزۇقلۇق ئىزدەشكە بارىدۇ!



سوئال: ئاقباش دېڭىز بۈركۈتىنىڭ بالىسى قانچىلىك بولغاندا ئۆزى ئوزۇقلۇق ئىزدىگىلى بارىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: ئاقباش دېڭىز بۈركۈتىنىڭ بەدىنىدە ئاق ۋە قارا ئىككى خىل رەڭ بولىدۇ، ئۇ قانىتىنى كېرىگەندە ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىردىن ئېشىپ كېتىدۇ.

بۇ بۈركۈت بالىسى تېخى تۈك تاشلىمىغاچقا، ئۇنىڭ ھەممە يېرى قارا. شۇنداقتىمۇ ئۇ دېڭىزغا شۇڭغۇپ يوغان بېلىقتىن بىرنى تۇتۇۋالدى، بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم بېلىق تۇتۇشى!





ئاقباش دېڭىز بۈركۈتى ئېگىز دەرەخكە ياكى تىك قىيالارغا ئۇۋا سالىدۇ. بالىسى تۇخۇمدىن چىقىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۇچۇرما بولۇپ ئوزۇقلۇق ئىزدىگىلى بارىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پاتاگونىيە چوڭ پىنگۋىنى



پاتاگونىيە چوڭ پىنگۋىنى ھىندى ئوكيانىنىڭ جەنۇبىدىكى قاتتىق سوغۇق ئاراللاردا ياشايدۇ. سۈرەتتىكى تۈكلىرى پارقىراق، بوينى توق سېرىق رەڭلىك تۇرغىنى يېتىلگەن پاتاگونىيە چوڭ پىنگۋىنى. ئۇنىڭ يېنىدىكى قوڭۇر رەڭلىك، يۇڭلۇق كۆرۈنگەنلىرى پىنگۋىن بالىلىرى. قىش چىققۇچە پىنگۋىننىڭ ئاتا - ئانىلىرى بالىلىرىغا ئوزۇقلۇق ئىزدەش بىلەن ئاۋارە بولىدۇ.

قىشنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان قاتتىق سوغۇقلىرىدا پىنگۋىن بالىلىرى بىر يەرگە غۇجمەكلىشىپ ئىسسىنىدۇ. ئۇلار 2 – 3 ھەپتىدە ئاران بىر ۋاق تاماق يېيەلەيدۇ. سول تەرەپ سۈرەتتىكى كىچىكرەك تۇرغان ئىككى پىنگۋىن ئەتىياز كەلگىچە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن.



پاتاگونىيە چوڭ پىنگۋىننىڭ ئۇۋىسى بولمايدۇ. پىنگۋىن بىر قېتىمدا بىرلا تۇخۇم تۇغىدۇ، تۇخۇمىنى پۇتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئىسسىتىپ بالا چىقىرىدۇ.

سوئال: پاتاگونىيە چوڭ پىنگۋىن بالىسى توڭلاپ كەتسە قانداق قىلىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: پاتاگونىيە چوڭ پىنگۋىن بالىسىنىڭ تولۇق يېتىلىشىگە بىر يىل ۋاقىت كېتىدۇ.



پاتاگونىيە چوڭ پىنگۋىن بالىسىغا يەم بەرگەندە، يېمەكلىكنى پوكىنىدىن كېكىرتىكىگە ياندۇرىدۇ، بالىسى تۇمشۇقىنى ئاتا - ئانىسىنىڭ كېكىرتىكىگە تىقىپ شۇ يەردىن ئېلىۋالىدۇ.





# ۋېددېل تىيۇلىنى

9 ـ ئايدىكى ھاۋا ئوچۇق بىر ئەتىگەنلىكى تولىمۇ سوغۇق بولىدىغان جەنۇبىي قۇتۇپتا ۋېددېل تىيۇلىنىنىڭ بالىسى تۇنجى قېتىم سۇ ئۈزۈشنى مەشىق قىلماقتا. ئۇ سوغۇقتىن قورقمايتتى، چۈنكى ھايات قېلىش ئۈچۈن، سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەنمىسە بولمايتتى. ئانىسى تېنى بىلەن سوغۇق شامالنى توسۇپ تۇردى.

ۋېددېل تىيۇلىنى ئىسسىق قانلىق سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تىيۇلىن بالىسى ئانىسىنىڭ قۇۋۋەتلىك سۈتىنى ئەمگەندىن كېيىن تېرىسىنىڭ ئاستىغا بىر قەۋەت ياغ پەيدا بولىدۇ، بۇ ياغ ئۇنىڭ سوغۇققا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئۇنىڭ پالاققا ئوخشاش قىسقا تۆت پۇتى ئۇنى سۇ ئۈزۈش ماھىرىغا ئايلاندۇرغان.

**سوئال: تىيۇلىن بالىسى نېمە ئۈچۈن سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىدۇ؟**

**بىلىۋېلىڭ: ۋېددېل تىيۇلىنى ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن مۇزنى غاجاپ تۆشۈك ئاچىدۇ، ئاندىن ئۇ تۆشۈكتىن بېشىنى چىقىرىپ نەپەس ئالىدۇ ياكى تۆشۈكتىن چىقىپ دەم ئالىدۇ.**



تىيۇلىن بالىسى ئانىسىنى ئېمىپ تېزلا چوڭ بولىدۇ. ئۇ تۇغۇلغاندا ئېغىرلىقى 30 كىلوگرام ئەتراپىدا بولسا، 10 كۈندىن كېيىن ئېغىرلىقى بىر ھەسسە ئاشىدۇ.



تىيۇلىن بالىسىنىڭ ئېغىرلىقى تۇغۇلۇپ 5 ـ 6 ھەپتە بولغاندا ئىككى ھەسسە ئاشىدۇ، شۇ چاغدا ئۇ ئۆز ئالدىغا نەرسە تۇتالايدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇزۇن قۇيرۇق چىل



قۇملۇقتا ھاۋا ئىسسىپ كەتكەندە، ئۇزۇن قۇيرۇق چىلنىڭ چۈجىسى ئانىسىنىڭ قانىتى ئاستىغا ياكى تاشلارنىڭ سايىسىگە مۆكۈۋالىدۇ. چۈش بولغاندا ئاپتاپقا قاقلىنىدۇ.

كەچتە ئەركەك چىل بىر كۈن ئولتۇرغان جۈپتىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىدۇ. ئۇ ھېلىلا كۆلدىن قايتىپ كەلگەندى، سۇدىن چىقىدىغان چاغدا ئۇ پوكىنى ۋە قورسىقىدىكى پەيلىرىنى سۇغا چىلىۋالغانىدى، شۇڭا ھازىر ئۇنىڭ پەيلىرىدىن سۇ تامچىلاپ تۇراتتى (سول تەرەپتىكى سۈرەتكە قاراڭ). يېڭىلا تۇخۇمدىن چىققان چىل چۈجىلىرى دادىسىنىڭ پەيلىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن سۇ تامچىلىرىنى ئىچمەكتە، بۇ ئۇلارنىڭ تۇنجى قېتىم سۇ ئىچىشى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار سالقىن ھەم نەم تۇرىدىغان دادىسىنىڭ قانىتى ئاستىدا ئۇزۇن كېچىنى ئۆتكۈزىدۇ.

ئۇزۇن قۇيرۇق چىل قومنى دۈۋىلەپ ئۇۋا ياسايدۇ. ئۇنىڭ چىپار تۇخۇملىرى قارىماققا يۇمىلاق تاشقا ئوخشاپ كېتىدۇ.

سوئال: ئۇزۇن قۇيرۇق چىل قۇملۇقتا ھاۋا ئىسسىپ كەتكەن كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: ئۇزۇن قۇيرۇق چىلنىڭ قۇيرۇقى بارغانسېرى ئىنچىكىلەپ بارغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.



يېڭى تۇخۇمدىن چىققان چىل چۈجىسىنىڭ رەڭگىمۇ يۇمىلاق تاشقا ئوخشىشىپ كەتكەچكە، بۈركۈت ۋە باشقا ھايۋانلار ئۇلارنى ئاسانلىقچە بايقىيالمايدۇ.





# چىغناقسىز تاشپاقا



چىغناقسىز تاشپاقا ئىسسىق بەلباغ دېڭىزىدا ياشايدۇ، سۇ ئۈزۈشكە ماھىر. چىشى تاشپاقا ھەر يىلى 2 – 3 قېتىم دېڭىز ساھىلىغا چىقىپ تۇخۇملاپ بولۇپ دېڭىزغا قايتىپ كېتىدۇ.

تۇخۇمدىن چىققان تاشپاقا بالىسى ئاران سەرەڭگە قېپىچىلىك بولىدۇ، ئۇلار قۇمنىڭ ئاستىدىن چىقىپ قىستاشقىنىچە دېڭىزغا قاراپ ماڭىدۇ، لېكىن ئۇلار دېڭىزغا ئانچە ئوڭۇشلۇق قايتىپ كېتەلمەيدۇ. قاراڭ! سول تەرەپتىكى ئامېرىكا تازقارىسى ئۇلارغا تىكىلىپ تۇرماقتا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يەم بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. تاشپاقا بالىلىرى ئۈچۈن دېڭىزمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بىخەتەر جاي ئەمەس، ئۇلار بەك كىچىك بولغاچقا، كۆپىنچىسى يەم بولۇپ كېتىدۇ. تاشپاقا بالىلىرى تۇغۇلغان دەسلەپكى ئايدا تولىسى يەم بولۇپ كېتىپ، ئاز بىر قىسمىلا ھايات قالىدۇ.



چىغناقسىز تاشپاقا تۇخۇمى پۇتۇنلەي تەبىئىي ھارارەت بىلەن تۆرەلمىگە ئايلىنىدۇ. تاشپاقا بالىسىنىڭ تۆرىلىپ تۇخۇمدىن چىقىشىغا تەخمىنەن 7 ھەپتە ۋاقىت كېتىدۇ، تۇخۇمدىن چىققان ھامان ئىللىق قۇم ئىچىدىن يەر ئۈستىگە چىقىدۇ.

سوئال: چىغناقسىز تاشپاقا بالىسى قانداق خەتەرلەرگە ئۇچرايدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: چىغناقسىز تاشپاقىنىڭ چىشى بولمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ قىزىلئۆڭگىچىدە يېمەكلىكنى ئۈزۈۋېتىدىغان چوڭ - چوڭ، ئۇچلۇق تىكەنلىرى بولىدۇ.





يېتىلگەن چىغناقسىز تاشپاقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 مېتىرچە كېلىدۇ، يېڭى تۇخۇمدىن چىققان تاشپاقا بالىسى بولسا ئاران 5 سانتىمېتىر كېلىدۇ.





# قارا ئاتېلېس مايمۇنى

قاراڭ! جەنۇبىي ئامېرىكا ئورمانلىقىدا ياشايدىغان قارا ئاتېلېس مايمۇنى شاختىن ـ شاخقا سەكرەپ ئەركىن ـ ئازادە ئوينىماقتا. بۇ دەرەخلەرنىڭ ئېگىزلىكى 20 مېتىردىن ئاشىدۇ، بىراق بۇ مايمۇن يىقىلىپ چۈشۈشتىن ئازراقمۇ ئەندىشە قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇ قول ـ پۇت ۋە قۇيرۇقى بىلەن شاخلارنى تۇتالايدۇ. ئۇ ياۋا مېۋىلەرنى ۋە يوپۇرماقلارنى يېگەچ بالىسىنى ئېمىتمەكتە. ئەگەر ئۇ پەخەس بولمىسا، ئورمانلىقتىكى يىلان ۋە باشقا چوڭ قۇشلار ئۇنى يەۋېتىدۇ. شۇڭا ئۇ كۈشەندىلىرىنى كۆرگەن ھامانلا ئىككىلەنمەستىن قاچىدۇ.

قارا ئاتېلېس مايمۇنى بالىسىنى باشقا ھايۋانلارنىڭ يەۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەر ۋاقىت قوينىدا ئېلىپ يۈرىدۇ. بالىسى چوڭراق بولغاندا ئانىسىغا ئوخشاش شاختىن ـ شاخقا سەكرەپ ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ.

سوئال: قارا ئاتېلېس مايمۇنىنىڭ كۈشەندىسى نېمە؟

بىلىۋېلىڭ: قارا ئاتېلېس مايمۇنىنىڭ قۇيرۇقى كۆپ ئىقتىدارلىق، يۆگىشەلەيدۇ. ئۇنىڭ قۇيرۇقى ئالاھىدە سەزگۈر بولۇپلا قالماي، بەدەن ھارارىتىنى تەڭشىيەلەيدۇ.



قارا ئاتېلېس مايمۇنىنىڭ بالىسى قۇيرۇقى بىلەن شاخقا ئېسىلىپ تۇرۇشنى تېزلا ئۆگىنىۋېلىپ، قولى بىلەن مېۋە ئۈزۈپ يېمەكتە.







# دېڭىز كالىسى

دېڭىز كالىسى دېگەن بۇ ئىسىمنى دېڭىزچىلار قويغان. چۈنكى دېڭىز كالىسى كالىغا ئوخشاش توپلىشىپ ياشايدۇ ھەمدە ئوت ـ چۆپ يەيدۇ.

دېڭىز كالىسى ئىسسىق بەلباغدىكى دەريا ـ ئېقىن، دېڭىز قولتۇقلىرى ۋە دېڭىز بويلىرىدا تولىمۇ ئاستا يۆتكىلىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ بەدىنى بەك چوڭ، ئېغىرلىقىمۇ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئېغىر. شۇڭا ئۇ ئاسانلا سۇ ئاستىغا چۆكۈپ ئوت يېيەلەيدۇ، بىراق ئۇ سۇ ئاستىدا بىر دەم ئوت يەپ بولۇپ، سۇ يۈزىگە نەپەس ئالغىلى چىقىدۇ.

دېڭىز كالىسىنىڭ بالىسىغا نىسبەتەن ئەڭ چوڭ خەتەر سۇدا كېتىۋاتقان پاراخوتلاردىن، پاراخوتلارنىڭ چاقپىلىكىدىن كېلىدۇ، پاراخوتلار ئۇنى ئاسانلا يارىدار قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا پاراخوتلاردىن ۋە پاراخوتلارنىڭ چاقپىلىكىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنى ئۆگىنىۋالغاندىلا ئوڭۇشلۇق چوڭ بولالايدۇ.



دېڭىز كالىسىنىڭ بالىسى ئانىسىنىڭ پالاقچىسىنىڭ ئارىسىغا بېشىنى تىقىپ سۈت ئەممەكتە. يېڭى تۇغۇلغان دېڭىز كالىسى بالىسىنىڭ بەدىنى بەك ئېغىر بولغاچقا، سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقالمايدۇ، شۇڭا تۇنجى قېتىم نەپەسلەنگەندىمۇ ئانىسىنىڭ ياردىمىدە سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىپ نەپەسلىنىدۇ.



بەدىنىنى چاقپىلەك تىلىۋەتكەن دېڭىز كالىسىنىڭ بالىسى.

سوئال: دېڭىز كالىسىنىڭ بالىسى نېمىلەردىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچقاندا ئاندىن ئوڭۇشلۇق چوڭ بولىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: دېڭىز كالىسى ئوتخور ھايۋان.



www.uyghurkitap.com



# لىبېرىيە بېگېموتى

سۇرەتتىكى بېگېموت بالىسىنىڭ تۇغۇلغىنىغا ئەمدىلا نەچچە كۈن بولدى، ئۇ تېخى كىچىك بولغاچقا، سازلىقتا ئانىسى بىلەن بىللە ئۆيگە قايتىدىغان يول ئىزدەۋاتىدۇ.

لىبېرىيە بېگېموتى ئوت - چۆپ، يوپۇرماق ۋە بىخلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. ئۇلار دائىم پاتقاقتا مىلىنىپ ئوينىشىدۇ ياكى دەريا قىرغىقىغا ئۈزۈپ بارىدۇ. بېگېموت بالىسى ھەر ۋاقىت تىمساھ، بوغما يىلاننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ، ھەتتا ئادەملەرمۇ ئۇنى تۇتۇپ يەيدۇ. خېيىم - خەتەرگە تولغان ھۆل - يېغىنلىق قويۇق ئورمانلىقتا ئۆزى يالغۇز يۈرۈش لىبېرىيە بېگېموتىنىڭ ئۆزىنى قوغداشتىكى ئەڭ ياخشى ئامالى ھېسابلىنىدۇ.



ئافرىقىنىڭ غەربىدىكى ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمانلىقى كۆككە تاقاشقا يوغان دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان. بۇ ئورمانلىقتا ئېگىزلىكى بىر مېتىر كەلمەيدىغان لىبېرىيە بېگېموتى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرماقتا.

**سوئال: لىبېرىيە بېگېموتى نېمە يەيدۇ؟**

**بىلىۋېلىڭ: ئافرىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي قىسىملىرىدا ياشايدىغان لىبېرىيە بېگېموتىنىڭ بوي ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر كېلىدۇ. ئەمما ئافرىقىنىڭ غەربىدىكى ئىسسىق بەلباغ رايونىدا ياشايدىغان لىبېرىيە بېگېموتى سەل كىچىك بولۇپ، ئېگىزلىكى ئاران 80 سانتىمېتىر كېلىدۇ.**





بۇ بېگېموت بالىسىنىڭ تۇنجى قېتىم سۇغا چۈشۈشى، ئۇ پەقەت ئانىسىنىڭ ياردىمىدىلا سۇدا ئۈزەلەيدۇ.



www.uyghurkitap.com

# ياۋروپا لالما چاشقىنى

ياۋروپا لالما چاشقىنى روسىيەنىڭ غەربىي شىمالىدىكى توڭ تۇپراق بەلبېغىدا ياشايدۇ. بىخ، يوپۇرماق ۋە شىرنىلىك مېۋىلەرنى يەيدۇ. يازدا سىرتتا تۇرىدۇ، ئۆسۈملۈكلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالىدۇ؛ قىشتا قارنىڭ ئاستىغا ئورەك كولاپ، قىشنى شۇ ئورەكتە ئۆتكۈزىدۇ. شۇڭلاشقا، قىش چىققۇچە قاتتىق سوغۇق كۆرمەيدۇ!

ياۋروپا لالما چاشقىنى يازدا مۇشۇكياپىلاق، قاراقچى چايكىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ، ئۇلار ئاسماندىن شۇڭغۇپ چۈشۈپ چاشقانلارنى تۇتۇپ كېتىدۇ؛ قىشتا چاشقانلار قېلىن قارنىڭ ئاستىدا بولغاچقا، ئاسماندىكى كۈشەندىلەر ئۇلارنى ئاسانلىقچە بايقىيالمايدۇ. بىراق قۇرۇقلۇقتىكى كۈشەندىلەر ئۇلارنىڭ ھىدىدىن ئۇلارنى تېپىۋالىدۇ ھەمدە ئۇلارنى قار ئاستىدىن كولاپ چىقىرىدۇ. قاراڭ! شىمالىي قۇتۇپ تۈلكىسى بۇ بىر ئائىلە ياۋروپا لالما چاشقىنىنى ھىدلاپ تېپىۋالدى (سول تەرەپتىكى سۈرەتكە قاراڭ). مانا ئەمدى ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇ چاشقانلارنى كولاپ چىقارماقچى بولۇۋاتىدۇ!

سوئال: ياۋروپا لالما چاشقىنى نېمە ئۈچۈن يەر ئاستىدىكى ئورەككە يوشۇرۇنۇۋالىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: ياۋروپا لالما چاشقىنى جۈغى كىچىك غاجىلغۇچى ھايۋان، ئۇنىڭ دۈپدۈگىلەك تۇرقى قارىماققا قىسقا قۇيرۇقلۇق چاشقاندەك كۆرۈنىدۇ.



ياۋروپا لالما چاشقىنىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى بەك تېز، توڭ تۇپراق بەلبېغىدا دائىم توپ - توپى بىلەن رەتلىك تىزىلىپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەپ يۈرگەن ياۋروپا لالما چاشقىنىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.



ياۋروپا لالما چاشقىنى سۇ ئۈزۈشكە ماھىر، لېكىن ئۇلار ئامال بولمىغاندا سۇغا چۈشىدۇ. چۈنكى ئۇزۇن ۋاقىت مۇزدەك سۇدا تۇرسا، بەدىنىدىكى ئىسسىقلىق تېزلىكتە تارقاپ كېتىپ ئۆلۈپ قالىدۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قىزىل يۇڭلۇق ئورانگۇتان

قاراڭ! بۇ قىزىل يۇڭلۇق ئورانگۇتان بالىسى ئانىسى بىلەن جىمجىت ئورمانلىقتا شاختىن - شاخقا ئېسىلىپ خاتىرجەم ياشىماقتا. قىزىل يۇڭلۇق ئورانگۇتان مۇلايىم، ئەقىللىك، قىزىقارلىق ھايۋان. ئۇ دەرەخ تۆپىسىدە ئويناشقا ئامراق بولغانلىقى، يەنە كېلىپ ئادەمگە بەك ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن، «ئورمان ئادىمى» دەپ ئاتالغان. ئۇ بالىسىنى يەتتە ياشقا كىرگىچە باقىدۇ، بالىسى شۇ چاغدىن باشلاپ مۇستەقىل ياشايدۇ.

بىراق كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئادەملەر قىزىل يۇڭلۇق مايمۇننى ئورمانلىقتىن تۇتۇپ كېلىپ ئەرمەك ھايۋان قاتارىدا باقماقتا. ئەرمەك ئورانگۇتان بالىسى ئاستا - ئاستا چوڭ بولغاندىن كېيىن، كىچىك ۋاقتىدىكىدەك ئوماق تۇرۇۋەرمەستىن، خۇيى ئۆزگىرىپ ئۇرۇشقاق بولۇپ قالدى، شۇ ۋەجىدىن ئۇلار قاماپ قويۇلماقتا. شۇڭا بىز قىزىل يۇڭلۇق ئورانگۇتاننى ياخشى قوغدىشىمىز، ئۇلارنى زىيانغا ئۇچراتماسلىقىمىز كېرەك.





قىزىل يۇڭلۇق ئورانگۇتان قېرىغانسېرى يۈزىنىڭ گىرۋەكلىرى يوغىناپ، يۈزى چوڭلاپ كېتىدۇ.





ئەرمەك ئورانگۇتان چوڭ بولغاندا ئۇرۇشقاق بولۇپ قېلىپ قەپەزگە سولىنىدۇ.

**سوئال: قىزىل يۇڭلۇق ئورانگۇتان نېمە ئۈچۈن قەپەزگە سولىنىدۇ؟**

**بىلىۋېلىڭ: قىزىل يۇڭلۇق ئورانگۇتان سۇماترانىڭ شىمالىي قىسمى ۋە بالتىق ئارىلىدىكى ئىسسىق بەلباغ ئورمانلىقىدا ياشايدۇ.**



# چىپار بۆكەن

قەدىرلىك قوزام! ئۆزىنىڭ بويىدىن ئېگىز سەكرىيەلەيدىغان بىر كىچىك ھايۋاننىڭ بارلىقىنى بىلەمسىز؟

ئۇ دەل چىپار بۆكەن بالىسى. ئۇ تۇغۇلغان ھامان چوقۇم ئۆزىنىڭ بويىدىن ئېگىز سەكرەشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك، ئەگەر ئۆگىنەلمىسە، ئېچىرقاپ كەتكەن شىر ياكى قاپلانلارغا يەم بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.

چىپار بۆكەن بالىسى تۇغۇلۇپ بىرنەچچە سائەت ئىچىدە يۈگرەلەيدۇ، يۈگۈرگەندىمۇ بەك تېز يۈگرەيدۇ. ئەگەر شىر چىپار بۆكەنگە ھۇجۇم قىلىپ كەلسە، يۈگرەپ قاچماستىن سەكرەپ قاچىدۇ. بەزىدە تىك سەكرىسە، بەزىدە ئالدىغا ياكى باشقا تەرەپكە سەكرەيدۇ، تېخى سەكرەپ بوشلۇقتا كۆتۈرۈلگەندە يۆنىلىشنى ئۆزگەرتەلەيدۇ! ئۇن نەچچە چىپار بۆكەن ئۇزۇن قۇلاق توشقانغا ئوخشاش سەكرەپ ـ تاقلاپ، يىرتقۇچلارنىڭ كۆزىنى ئىمىر ـ چىمىر قىلىپ، نەدىن تۇتۇش قىلىشنى بىلەلمەس ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.



ئەمدىلا تۇغۇلغان چىپار بۆكەن بالىسى ئوت ـ چۆپ ئارىسىغا مۆكۈپ جىم تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ تېخى قاچقىدەك مادارى يوق. ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئېچىرقاپ كەتكەن شىر ئوزۇقلۇق ئىزدەپ يۈرمەكتە.



سوئال: چىپار بۆكەن بالىسى نېمە ئۈچۈن تۇغۇلۇپلا سەكرىيەلەيدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: چىپار بۆكەننىڭ بېشى كىچىكرەك، تېرىسى قوڭۇر، قورسىقى ئاق بولىدۇ.



چىپار بۆكەن بالىسى تۇغۇلۇپ بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ ئانىسىنى ئەممەكتە.



www.uyghurkitap.com



# روككى ئۆچكىسى

شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدە ئۇزۇن ھەم ئاق يۇڭلۇق ياۋا تاغ ئۆچكىسى ياشايدۇ، ئۇلار تولىمۇ قەيسەر. ئۇلار ئېگىز تاغدىكى تىك قىيالارغا چىقىپ، شالاڭ ئۆسكەن ئوت - چۆپلەرنى يەيدۇ.

تۇغۇلغىنىغا ئەمدىلا بىرنەچچە كۈن بولغان بۇ ئوغلاق سەكرەشنى مەشىق قىلماقتا. يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ ئانىسىغا ئەگىشىپ، تار چىغىر يوللاردىن ئۆتۈپ، ئۇششاق تاشلار بىلەن تولغان تىك قىيالار ئارىسىدا قىلچە قورقماستىن سەكرەپ - تاقلاپ يۈگرەلەيدۇ. ئۇ مۇشۇ ھالەتكە كەلگەندە، تەجرىبىلىك دادىسى، ئانىسىدىن ھېچقانداق پەرقى قالمايدۇ!

روككى ئۆچكىسى قورقۇمسىز، قەدەملىرى چىڭ، ھەرقانداق ئوت - چۆپ بار يەردە ئۇلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.



**سوئال: كىچىك باللار روككى ئۆچكىسىنىڭ قايسى قىلىقىنى ئۆگەنسە بولمايدۇ؟**

**بىلۈبىلىڭ: روككى ئۆچكىسى توپلىشىپ ياشايدۇ، بىر توپتا ئەڭ كۆپ بولغاندا 12 ئۆچكە بولىدۇ.**



روككى ئۆچكىسىنىڭ تۇيىقى بەكمۇ ئۆتكۈر، تەڭپۇڭلۇق سېزىمى يۇقىرى. بۇ ئوغلاق مىدىراپ قالغان يۇمىلاق تاشنىڭ ئۈستىدە دەل-دەڭشىپ قالدى، بىراق ئەنسىرىمەڭ، ئۇ ھەرگىز يىقىلىپ چۈشمەيدۇ.



# مۇشۇكئېيىق



قاراڭ! مۇشۇكئېيىقنىڭ قوچىقىدىكى بالىسى ئومىقمىكەن؟ ئۇلار جۇڭگونىڭ جەنۇبىدىكى بامبۇكلۇقتا ياشايدۇ.

مۇشۇكئېيىقنىڭ كۆزى چوڭ بولمايدۇ، كۆزىنىڭ ئەتراپىدا قارا ياكى قېنىق قوڭۇر رەڭلىك تۈكى بار. قېلىن يۇڭى قىشنىڭ قاتتىق سوغۇقلىرىغا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. مۇشۇكئېيىق بالىسىنىڭ ھەرىكىتى بەكمۇ ئاستا بولىدۇ، بامبۇكنى ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ يېنىغا ئەكەلمىگىچە مىدىراپمۇ قويمايدۇ. بامبۇكنى يېمەي تۇرۇۋالسا، ئانىسى قايتا - قايتا يېيىشكە ئۈندەيدۇ. ئانىسىنىڭ ياردىمىدە ئۇ ئانىسىنىڭ مۇرىسىگە چىقىپ بامبۇك غاجاشنى تېزلا ئۆگىنىۋالدى.

مۇشۇكئېيىق ئىلگىرىكى زامانلاردا ئىنتايىن كۆپ ئىدى، ھازىر بولسا ئاز ئۇچرايدىغان ئەتىۋارلىق ھايۋان بولۇپ قالدى، بىز چوقۇم ئۇلارنى ياخشى قوغدىشىمىز كېرەك!



مۇشۇكئېيىق بالىسى تۇغۇلۇپ بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە بەدىنىدە ئاساسەن دېگۈدەك تۈك بولمايدۇ.

سوئال: مۇشۇكئېيىقنىڭ ئانىسى بالىسىنىڭ نەرسە يېيىشىگە قانداق ياردەم قىلىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: مۇشۇكئېيىق ئاساسلىقى بامبۇكنىڭ يۇمران يوپۇرمىقى، ئوت - چۆپ ۋە باشقا ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى ئۆسۈملۈكلەرنى يەيدۇ.





مۇشۇكئېيىق كىچىك ۋاقىتلىرىدا خەتەرگە يولۇقسا دەرەخكە چىقىۋالىدۇ. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئېغىرلاپ، دەرەخكە چىقاي دېسىمۇ چىقالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاپۇس قۇرتى



مانا بۇ نەچچە ئون پۇتى بار، قېپى يۇمشاق، سوزۇق، كۈل رەڭ يېشىل قۇرت ئاپۇس قۇرتى دېيىلىدۇ. ئۇلار ئامېرىكا كالىفورنىيە ئىشتاتىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇملۇقلاردىكى كۆلچەكلەردە ياشايدۇ.

قۇملۇقتىكى كۆلچەكلەر ئۇزۇن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىغاچقا، ئاپۇس قۇرتىدا ئۇزۇن مەزگىل قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئىقتىدار بولۇشى كېرەك. ئۇ كۆلچەك قۇرۇپ كېتىشتىن بۇرۇن قاتتىق قاپلىق تۇخۇملايدۇ. تۇخۇملاپ بولۇپلا ئۆلۈپ قالىدۇ، بىراق ئۇنىڭ تۇخۇمى نەچچە يىل ھايات تۇرىدۇ. يامغۇر پەسلى يېتىپ كەلگەندە تۆرەلمە تۇخۇمدىن چىقىدۇ. بىر - ئىككى ھەپتىدىن كېيىن بۇ قۇرتلارمۇ تۇخۇملايدۇ. شۇنداق قىلىپ نەچچە مىليون ئاپۇس قۇرتى ئۆلۈپ، نەچچە مىليون، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئاپۇس قۇرتى دۇنياغا كېلىدۇ، ھاياتلىق مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ!

سوئال: ئاپۇس قۇرتىنىڭ ھاياتى قانداق داۋاملىشىدۇ؟

بىلۋېلىڭ: ئاپۇس قۇرتى ئىنگلىزچە Triops دېيىلىدۇ، مەنىسى «ئۈچ كۆزلۈك قۇرت» دېگەنلىك. ئاپۇس قۇرتىنىڭ تېخى راك، قىسقۇچ پاقا بىلەن تۇغقانچىلىقى بار!



ئاپۇس قۇرتىنىڭ تۇخۇمى ئىنتايىن كىچىك بولىدۇ، بۇ تۇخۇملار قۇملۇقتىكى قۇرۇپ كەتكەن كۆلچەكلەردە نۇرغۇن يىل ھايات تۇرىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يالىلىق بۆرە

بىلەمسىز؟ بىرازىلىيە بىلەن ئارگېنتىنانىڭ جەنۇبىدىكى يايلاقلاردا ئىنتايىن چىرايلىق بىر ھايۋان ياشايدۇ، ئۇ دەل يالىلىق بۆرە.

يالىلىق بۆرە كۈندۈزى ئىنتايىن ئاز ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇلار تۈلكىگە ئوخشاش كەچتە چىقىپ، كېچىچە ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ. قېلىن ئورمانلىقتا سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار بىلەن ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. ئەجەپلىنەرلىكى، ئۇلار تېخى مېۋە يەيدۇ! ھايۋانات باغچىسىدا تۇرىدىغان يالىلىق بۆرە بانان يېيىشكە بەك ئامراق. يالىلىق بۆرە بىر قېتىمدا 2 – 3 نى كۈچۈكلەيدۇ. يېڭى تۇغۇلغان بۆرە كۈچۈكىنىڭ پۇتى ئۇزۇن بولمايدۇ، پۇتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن بەدىنىنىڭ نىسبىتى نورمال بولىدۇ. بىر ياشقا كىرگەندە پۇتى بىراقلا ئۇزىرايدۇ، بۇ چاغدا ئۇ يېتىلگەن بولىدۇ!

سوئال: يالىلىق بۆرە نېمە يېيىشكە ئامراق؟

بىلىۋېلىڭ: يالىلىق بۆرىنىڭ بوينىدا يۇڭ پەلتونىڭ ياقىسىغا ئوخشاش بىر يۆگەم يۇڭى بولىدۇ.



يېڭى تۇغۇلغان بۆرە كۈچۈكىنىڭ پۇتى قىسقا بولىدۇ.





www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب جۇڭگو نەشرىياتچىلىق گۇرۇھى ھازىرقى زامان مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 2012 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2012 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据中国出版集团现代教育出版社 2012 年 1 月第 1 版, 2012 年 1 月第 1 次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: جاسارەت غوپۇر
بەت لايىھەلىگۈچى: يۈسۈپجان ھەسەن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئىلمىنۇر مەمەت ئەلى

قايتا تەكشۈرگۈچى: ئىبراھىم ھەمدۇللا
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېيىۋ

## ھايۋان بالىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە دائىر رەسىملىك كىتاب

# ئۆسۈپ يېتىلىش

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت روزى

---

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
بەت ياسىغۇچى: شىنجاڭ «ئوقۇ» سەرخىل كىتابلار تور نەشرىياتچىلىقى چەكلىك شىركىتى رەقەملىك مەتبەئە مەركىزى
تور دۇكىنى: داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
باسقۇچى: بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 1/16
باسما تاۋىقى: 3
نەشرى: 2015 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2016 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 7069 - 1
باھاسى: 13.60 يۈەن

---

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

---

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئىلمىنۇر مەمەت ئەلى



ISBN 978-7-5469-7069-1

定价: 13.60元